# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 5 ـ ئاي
26
سەيشەنبە
维吾尔文 5 月26日

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25073 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## باش قوماندانىنىڭ چوڭقۇر رىشتىسى

### ــــ ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم ۋەكىللىرى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئاساسىي قاتلام قورۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلىدى

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لى شۆيوڭ، مېي چاڭۋېي ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى مۇخبىرلىرى ۋاڭ شىبىن، فېي شىنىڭ**

2020 ـ يىلدىكى چاغان «قاتتىق قېيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان 6 ـ لىيەن»دىكى بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە ئۆزگىچە ياشلىق ئەسلىمىسى قالدۇردى ــ 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، رەئىس شى جىنپىڭ ئۆز قولى بىلەن كۆپچىلىككە جاۋاب خەت يېزىپ قايتۇرۇپ، ئۇلارنى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، غەلىبە قىلىش ماھارىتىنى جاپالىق مەشىق قىلىپ، «قاتتىق قېيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان روھ»نى تېخىمۇ كەڭ جارى قىلدۇرۇپ، لېيەندۇينى تېخىمۇ قۇدرەتلىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇردى.

بۇ يىلقى چاغاننى مەڭگۈ ئەستە ساقلايدىغانلاردىن يەنە غەربىي جەنۇبىي چېگرادا تۇرۇۋاتقان مەلۇم چېگرا مۇداپىئە يىڭدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرمۇ بار ــ

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

## شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار قاتناشتى

## لى جەنشۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات بەردى

### ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات ۋە ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى



5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن، كومىتېت باشلىقى لى جەنشۇ يىغىنغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جەي جيەنلەن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن خەلق سارىيىدا 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە قاراپ چىقتى.

شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن، كومىتېت باشلىقى لى جەنشۇ يىغىنغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلار قانۇنسىز سودىسى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى يېيىشنى ئومۇميۈزلۈك چەكلەش توغرىسىدىكى قارارنى چىقاردى، ئاممىۋى سەھىيە قانۇنچىللىق كاپالەتلىك سىستېمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدىغان قانۇن چىقىرىش، قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، قوزغاتتى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇنىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى قانۇن مەددىتى بىلەن تەمىنلىدى.

لى جەنشۇ دوكلاتتا دائىمىي كومىتېتنىڭ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالىنى خۇلاسىلىدى: قانۇن لايىھەسى، قارار لايىھەسىدىن 48گە قاراپ چىقتى، 34نى ماقۇللىدى؛ 39 دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ چىقتى، ئالتە قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ئۈچ قېتىم مەخسۇس تېمىلىق سۈرۈشتۈرۈشنى، يەتتە تۈرلۈك مەخسۇس تېمىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى، بىر تۈرلۈك قارار چىقاردى؛ بەش ئىككى تەرەپلىك شەرتنامىنى تەستىقلاشنى قارار قىلدى؛ قانۇن بويىچە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى 282 ئادەم قېتىم ۋەزىپىگە تەيىنلىدى، ۋەزىپىدىن قالدۇردى، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەش، يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. بىرىنچى، ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپى نامى بېرىش توغرىسىدىكى قارارنى، جازا ئۆتەۋاتقان قىسمەن جىنايەتچىلەرنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى قارارنى چىقاردى، «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇن ـ تۈزۈمى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار (لايىھە)»نى تەتقىق قىلىپ تۈزدى ھەم قاراپ چىقتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنى سىن يىغىنى ئۆتكۈزدى

## ۋاڭ ياڭ قاتناشتى

### 12 نەپەر ئەزا يىغىندا سۆز قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار زوۋ ۋېي، لىن خۇي، لىيۇ خۇي)** مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سىن يىغىنى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ يىغىنغا قاتناشتى. 12 نەپەر ئەزا يىغىندا سۆز قىلدى. يىغىن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدا ئاساسىي يىغىن مەيدانى تەسىس قىلدى، ئەزالار تۇرۇشلۇق جايدا شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يوۋ جۈەن يىغىنغا كېلىپ سۆزنى ئاڭلىدى.

ئەزا خۇاڭ لۇچى سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە مۇھىم رولنى جارى قىلدۇردى. ئۇ مۇنداق تەكلىپ بەردى: جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتى ھەمكارلىقىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى مۇتەخەسسىسلىرىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىكلەرنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش تەدبىرلىرى ۋە لايىھەلىرىنى تۈزۈشكە قاتناشتۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتى بىرلەشتۈرۈلگەن يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش تەتقىقات سۇپىسى قۇرۇلسا.

ئەزا چېڭ خۇڭ جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: دۆلىتىمىزدە باللار، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقى ئاساسلىق كۆرسەتكۈچى ئۆتكەن 20 نەچچە يىل تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق سەۋەبى، ئىلمىي، سىستېمىلىق بولغان ساغلاملىق تەربىيەسى، تەن ساپاسىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش سىستېمىسىنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدا. ساغلاملىق تەربىيەسىنى خەلق مائارىپى سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، باللار، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يېتىلدۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

#### شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خۇبېي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا يەتكۈزدى، ئۆگەندى

# پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا قەتئىي تۈرتكە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك

## چېن چۈەنگو سۆز قىلدى ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خۇبېي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا يەتكۈزدى، ئۆگەندى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خۇبېي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى بىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشىمىز، ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تۈزۈلمە مېخانىزمى بىلەن ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تېز مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزنى مۇھىم مىزان ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى بىلەن تەمىنلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

باش شۇجىغا دوكلات · نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىمىز ⑦

# نامرات ئائىلىگە ئىشقا ئورۇنلىشىش «تۆمۈر تاۋاقى»نى چىڭ، پۇختا تۇتقۇزۇش

> تىرىشىپ ھەربىر ئادەمنى كىشىلىك ھاياتتا ئۇتۇق قازىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.
>
> ــــ شى جىنپىڭ

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لۇ فېڭباۋ، ۋاڭ جېن، لىيۇ فېڭجىڭ، جانبولات مانارىبېك**

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆپەيتىش ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ بىۋاستە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش شەكلى. بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش باسقۇچىغا كىردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك سالماق بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئالغا سىلجىتىپ، نامرات ئائىلىگە ئىشقا ئورۇنلىشىش «تۆمۈر تاۋاقى»نى چىڭ، پۇختا تۇتقۇزۇپ، مۇقىم بەختكە ئېرىشتۈرۈۋاتىدۇ.

> نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەل قىلغۇچ جېڭىنىڭ بىرىنچى سېپىگە نەزەر ــــ

**«ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەڭ ئۈنۈملۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋاستىسى»**

5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، قاغىلىق ناھىيەسىدە بىر قېتىم قاتتىق يامغۇر ياغدى. ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئۈچۈن ئېيتقاندا، يامغۇر سۈيى ئۆمدىكە سىمۋول قىلىنىدۇ. ئەتىگەنىدىلا،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

سكانىرلاپ سىنى كۆرۈڭ

### لى پېڭشىن ئىلى، بورتالا، تارباغاتايدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

## دىققەتنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنمېي** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قورغاس شەھىرى، كۈيتۇن شەھىرى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئارشاڭ ناھىيەسى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسى قاتارلىقلارنى قاراپ چىقتى

## چېن چۈەنگو، ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاراپ چىقىشقا قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى گۇرۇپپا يىغىنى ئېچىپ ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسىنى داۋاملىق قاراپ چىقتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇن ـ تۈزۈمى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىنى قاراپ چىقتى.

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەركىن ئىمىرباقى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاتارلىقلار قاراپ چىقىشقا قاتناشتى.

چېن لياڭ، قۇربان نىياز، جاڭ شىن، لياۋ چاۋيىاڭ، سۈن جۈنۋاڭ قاتارلىق ۋەكىللەر سۆز قىلدى.

ۋەكىللەر مۇنداق دېدى: قانۇن دەستۇرىنى تۈزۈش مۇھىم بەلگە ئەھمىيەتكە ئىگە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى بولۇپ، بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىپ قۇدرەت تېپىشقا قاراپ مېڭىشىنىڭ سىمۋولى ۋە بەلگىسى. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى تۈزۈش پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا بېكىتىلگەن بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)